# «ھېرودلار»نىڭ نەسەبنامىسى

ئىنجىل دەۋرىدە «ھېرودلار» بولسا ئىدومىيلار (ياكى ئىدۇمىيلار) دىن ئىدى (ئىدومىيلار ئەساۋنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر). ئۇلار ئۆزلىرىنى يالغاندىن: «يەھۇدىيلارنىڭ خاندانلىقىغا تەۋەمىز» دەپ جاكارلايتتى. يەھۇدىيلار بولسا ئۇلارنى «فىلىستىيە قۇللارنىڭ بىر ئائىلىسىدىن بولغانسىلەر» دەيتتى.

ھېرودلارنىڭ ئەجدادى «ھېرود ئانتىپاتېر» ئىدى؛ ئۇ يەھۇدىيەنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان «ھاسمونىيلار» (يەنى «ماككابىيلار»غا ۋارىسلىق قىلغانلار) نىڭ خاندانلىقى ئارىسىدا سۇيىقەست قىلىپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تەختكە چىقىش يولىنى تەييارلاپ قويىدى. كېيىن، رىم ئىمپېرىيەسى پەلەستىن رايونىغا بارغىنىسېرى قول ئۇزارتقاندا، ھېرود ئانتىپاتېر ئۇلارغا تەخسىچىلىك قىلىشى بىلەن تېخىمۇ كۆچكە ئىگە بولدى.

ھاسمونىي رەھبەر «خىركانۇس يوھاننا II» («سادۇقىي مەزھىپى»تىن بولغان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىكى يەھۇدىيلارنىڭ باش كاھىنى) كۆپ يات ئەللىكلەرنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئانتىپاتېرنىڭ ئائىلىسى شۇ مەجبۇرىيەت ئاستىدا ئۆزلىرىنى «يەھۇدىيلارمىز» دەپ جاكارلىغان. ھالبۇكى، پەرىسىي مەزھىپىدىكىلەر مۇشۇنداق «يەھۇدىي بولغانلار»نى قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېرودلارنى «ھەقىقىي يەھۇدىي ئەمەس» دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ھېرودلار» ئۈچ تەرەپتىن ئاددىي پۇقرالار تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن: — (ئا) ئۇلار ئىدومىيلاردىن كېلىپ چىققان؛ (ئە) ئۇلار يەھۇدىي ئەنئەنىۋىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاجىزلاشتۇرىدىغان تەسىر يەتكۈزمەكتە ئىدى؛ (پ) ئۇلار يەھۇدىيلار نەپرەتلەنگەن رىملىق تاجاۋۇزچىلار بىلەن ھەمكارلاشماقتا ئىدى.




بىرىنچى دەۋر

## ئانتىپاتېر

ناباتىيالىق سىپروس بىلەن توي قىلغان

**بۈيۈك ھېرود**
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 73-1(؟)-يىلى)
(«ماتتا» 1:2، «لۇقا» 5:1)

**فاسايىلۇس**
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 43-40-يىلى
يەھۇدىيەنىڭ ئۈستىگە ۋالىي بولغان)

**فېروراس**

**يۈسۈپ**

**سالومى**

ئىككىنچى دەۋر

**مارىئامنې I**
بىلەن توي قىلغان

**مارىئامنې II**
بىلەن توي قىلغان

**مالتاس**
بىلەن توي قىلغان

**كلېئوپاترا I**
بىلەن توي قىلغان

ئۈچىنچى دەۋر

**ئارىستوبۇلۇس IV**
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 31-7-يىلى)
مۇقەددەس كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان. ئۇ كوستوبار ۋە سالومېنىڭ قىزى، يەنى ئۆزىنىڭ نەۋرە قىزى بەرنىكى بىلەن توي قىلغان. ئۆز ئاتىسى تەرىپىدىن قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**ھېرود فىلىپ I**
(ھېچ تەختكە ئولتۇرغان ئەمەس.
بىرىنچى بولۇپ **ھېرودىيە** بىلەن توي قىلغان)
تەخمىنەن مىلادىيە 34-يىلى ئۆلدى.
(«ماتتا» 3:14،
«ماركۇس»
17:6 «لۇقا» 19:3)

**ھېرود ئارخېلائۇس**
ئۇ يەھۇدىيە، ئىدۇمىيا ۋە سامارىيانىڭ ئۈستىگە ۋالىي بولغاندا
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
1-يىلى (؟) مىلادىيە 6-يىلىغىچە)
يۈسۈپ ۋە مەريەم مىسىردىن
چىققاندا ئۇلار يەھۇدىيەگە
بارماي، ناسارەتكە
ئولتۇراقلاشقان
(«ماتتا» 2:19-23).

**ھېرود ئانتىپاس**
گالىلىيە ۋە پېرىيانىڭ ئۈستىگە
ھاكىم («تېترارق») بولغان
(ئىككىنچى بولۇپ **ھېرودىيە** بىلەن
توي قىلغان) ئۇ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا
پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن ئاخىردا ۋالىي پىلاتۇس
ئەيسا مەسىھنى سوراق قىلىشقا ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن
(«لۇقا» 1:3، 19؛ 7:9، 31:13، 7:23،
«ماتتا» 1:14، 3؛ «ماركۇس» 14:6)

**ھېرود فىلىپ II**
ئىتۇرىيە ۋە تراخونىتىس ئۆلكىسىنىڭ ھاكىمى
(«تېترارق»ى) بولغان (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
1-يىلى (؟) مىلادىيە 34-يىلىغىچە)
(«لۇقا» 1:3)

تۆتىنچى دەۋر

**ھېرود**
(ھېرود V، خالكىس پادىشاھى، ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى
**بەرنىكى** بىلەن توي قىلغان. بەرنىكى
«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 13:25دە
تىلغا ئېلىنىدۇ)

**ھېرود ئاگرىپپا I**
(مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
10-يىلى مىلادىيە 44-يىلىغىچە)
ئۇ يەنە «بۈيۈك ئاگرىپپا»
دەپ ئاتالغان، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى بولغان
ئايالى سىپرىستىن ئۇ بىر ئوغۇل (ئاگرىپپا II) ۋە ئۈچ قىز تۇغۇلغان
ئۇ روسۇل ياقۇپنى ئۆلتۈرگەن؛ خۇدا روسۇل پېترۇسنى ئۇنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزغان («روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 12:1-23)

**ھېرودىيە**
(مات 3:14،
مارك 17:6،
لۇقا 19:3)

**مارىئامنې**
ئانتىپاتېر III ئۆلۈم
جازاسىغا تارتىلغاندا،
مۇشۇ مارىئامنې ئۇنىڭ ئايالى ئىدى.
كېيىن ئۇ «ئەتنارق» ھېرود
ئارخېلائۇسنىڭ ئايالى
بولغان بولۇشى مۇمكىن.

بەشىنچى دەۋر

**ھېرود ئاگرىپپا II**
روسۇل پاۋلۇس ئۇنىڭ ئالدىدا
سوت قىلىنغاندا خۇش خەۋەرنى
چۈشەندۈردۇ («روسۇللارنىڭ
پائالىيەتلىرى» 13:25-32:26)

**بەرنىكى**
(مىلادىيە 28-93-يىلى)
ئۇنىڭ تاغىسىنى ھېرودقا
(خالكىسنىڭ پادىشاھى)غا تەگكەن،
ئاندىن بىر مەزگىلدە ئۆز بىر تۇغقان ئاگرىپپا
بىلەن بىللە ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنى
ئۆتكۈزگەن. روسۇل پاۋلۇس شۇ چاغدا
ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنغان
(«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 13:25).

**درۇسىلا**
ئۇ ئاۋۋال ئەمەسانىڭ پادىشاھى ئازىزۇسقا،
ئاندىن رىملىق ۋالىي فېلىكسقا تەگكەن. فېلىكس
مىلادىيە 52-59-يىلى يەھۇدىيەنىڭ ۋالىيى بولغان.
روسۇل پاۋلۇس ئۇنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلغان
(«روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 24:24).

**مارىئامنې**
گايۇس يۇلىيۇس ئارخېلائۇس
ئانتىئوقۇس ئېپىفانىس بىلەن توي قىلغان.
ئۇلارنىڭ بەرنىكى ئىسىملىك بىر قىزى
بولغان (مىلادىيە 50-يىلى تۇغۇلغان).

**سالومې**
ھېرود فىلىپ I ۋە ھېرودىيەنىڭ قىزى
ئۇ ئۇسسۇل ئويىنىشى بىلەن چۆمۈلدۈرگۈچى
يەھيانىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىشنى سورىدى
(«ماتتا» 14:1-12، «ماركۇس» 14:6-29)